# 95891 - ئايال دوختۇرنىڭ قۇلى بىلەن لىيزىردا ئەۋرەتلىرىنىڭ تۈكىنى ئالدۇرۇش توغرىسىدا

## سۇئال

ئىككى قولتۇقۇم ۋە سەزگۈر ئورۇنلاردىكى تۈكلەرنىڭ كۆپلىكىدىن قىينىلىمەن، ئۇنى لىيزىر بىلەن ئالدۇرىۋېتىش ئۈچۈن دوختۇرنىڭ ئالدىدا بۇ ئورۇنلارنى ئاچسام بولامدۇ؟ بۇ ئورۇندىكى تۈكلەر بەك كۆپ بولۇپ، تىغ بىلەن ئالغاندا ياكى يۇلغاندا بەك ئاغرىيدۇ ۋە تېرەم بۇزۇلىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

خانىم قىزلارغا نىسبەتەن قاراش توغرا بولمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئەۋرىتىنى ئېچىشى توغرا بولمايدۇ، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىغا كۆرە، ئايالنىڭ ئەۋرىتى ئايالغا نىسبەتەن كىندىكتىن تىزىغىچە بولىدۇ.

داۋالىنىش دېگەندەك ھاجەت بولغاندا ئەۋرەتنى ئېچىش توغرا بولىدۇ، ئىش ئالدى ۋە كەينى ئەۋرەتنى ئېچىشقا ئالاقىدار بولغاندا ھاجەتنىڭ تەكىت بولىشى ۋە كۈچلۈك بولىشى شەرت قىلىنىدۇ.

ئەگەر زەرەر يەتمەيدىغان ئىش بولسا قولتۇقنىڭ تۈكىنى لىيزىر بىلەن ئالسا بولىدۇ، ئەمما ئەۋرەتنىڭ تۈكىنى دوختۇرنىڭ قولى بىلەن ئېلىشقا كەلگەندە، باشقىلارنىڭ ئەۋرەتكە قارىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن چوقۇم شۇنداق قىلمىسا بولمايدىغان بولۇش كېرەك، يەنى تۈكى بەك كۆپ بولۇپ ئۇنى تىغ ياكى يۇلۇش دېگەندەك باشقا ۋاستىلار بىلەن ئېلىشنىڭ پايدىسى بولمايدىغان ۋە دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە لىيزىر بىلەن ئۆزى ئېلىشمۇ مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە بولىشى كېرەك.

ئىززىبنى ئابدۇسسالام رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئالدى ۋە كەينى ئەۋرەتلەرنى ئوراش پەرىز بولۇپ، بولۇپمۇ يات ئاياللاردىن ئوراش ئېسىل ئەخلاق ۋە گۈزەل ئادەتلەردىندۇر، لېكىن زۆرۈر ھاجەتلەر بولغاندا ئاچسا دۇرۇس بولىدۇ، ھاجەت دېگەن ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىشى، دوختۇرنىڭ داۋالاش ئۈچۈن قارىشى قاتارلىقلار، زۆرۈرات دېگەن بۇزۇلغان، جاراھەتلەنگەن ئورۇنلارنى داۋالاش بولۇپ، ئالدى-كەينى ئەۋرەتكە قاراشنىڭ بەك قەبىھ بولغانلىقى ئۈنىڭغا قاراشتا شەرت ئېتىلگەن ئىشلار باشقا ئەۋرەتلەردە شەرت ئېتىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك زۆرۈرەتتە ئاياللارنىڭ ئەۋرىتىگە قاراشتا شەرت ئېتىلگەن ئىشلار ئەرلەرنىڭ ئەۋرىتىگە قاراشتا شەرت ئېتىلمەيدۇ، چۈنكى ئاياللارنىڭ ئەۋرىتىگە قاراشتا كېلىپ چىقىدىغان پىتنە كۆپ بولىدۇ،

شۇنىڭدەك ئىككى تىزى ۋە يوتىسىغا يېقىن جايلارغا قاراش بىلەن ئىككى تۇخۇمدانغا قاراشنىڭ شەرتلىرى ئوخشمايدۇ". ["قەۋائىدىل ئەھكام" 1 -توم 165 -بەت].

خەتىپ شىربىنى مۇنداق دەيدۇ: "بىلگىنكى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بويىۇنچە ھاجەت بولمىغاندا ئەۋرەتنى تۇتۇش ۋە قاراشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ئىلگىرى ئۆتتى، ئەمما ھاجەت بولغاندا يەنى داۋالاش ۋە باشقا زەرۆرەت بولغاندا ئەۋرەتنى سىلاش ۋە قاراش ھەتتا ئايالنىڭ ئەۋرىتىنىمۇ تۇتسا بولىدۇ، چۈنكى بۇنداق ھالەتتە ھارام دېيىش ھەرەج بولىدۇ". ["مۇغنىل مۇھتاج" 4 -توم 215 -بەت].

ھەنبەلى مەزھەب ئالىملىرى ئەۋرىتىنىڭ تۆكلىرىنى ياخشى ئالالمىسا ئۇنى ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئەۋرىتىنى ئېچىشنى ئەۋرەتنى ئېچىش دۇرۇس بولىدىغان ئۆزرلەردىن قىلدى. [ ئىبنى مۇپلىھ رەھىمەھۇللاھمۇ "ئەلپۇرۇئ" 4 -توم 153 -بەتتە مۇشۇنى زىكىر قىلغان].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.